لَفَّقَ يُلَفِّقُ تَلْفِيقًا الشَّخْصُ الكَلَامَ: ياغلىما گەپ قىلدى، توقۇدى، ئويدۇرۇپ چىقاردى.

«لَفَّقَ الفَقِيرُ قَمِيصَهُ»: كەمبەغەل كۆڭلىكىنى ئۆزى تىكتى.

لَفَّقَ الثَّوْبَ: كىيىمنى يامىدى.

لَفَّقَ الْقِصَّةَ مِنْ أَوَّلِهَا إِلَى آخِرِهَا: ھېكايىنى باشتىن-ئاخىر توقۇپ چىقتى.

يُلَفِّقُ الْكَلَامَ بِبَرَاعَةٍ: ئۇ سۆزنى ئۇستىلىق بىلەن توقۇيدۇ.

لَفَقَ يَلْفِقُ لَفْقًا الثَّوْبَ: كىيىمنى يامىدى.

«لَفَقَتِ الْمَرْأَةُ ثَوْبَ زَوْجِهَا»: ئايال ئېرىنىڭ كىيىمنى يامىدى.

لَفَقَ الشَّخْصُ الأَمْرَ: ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى.

لَفْلَفَ يُلَفْلِفُ لَفْلَفَةً الشَّخْصُ: دۇدۇقلاپ سۆزنى راۋان قىلالمىدى.

لَفْلَفَ الشَّخْصُ فِي ثَوْبِهِ: كىيىمگە ئورىنىۋالدى.

لُفُوتٌ: تەتۈر، مىجەزى چۇس، تېرىككەك، قىيىن قىزىق.

لُفُوحٌ: كۆيدۈرگۈچى.

لَفِيئَةٌ ج لَفَايَا ولَفِيءٌ: بىر پارچە لوق گۆش.

لَفِيظٌ: ئېغىزدىن چىقىرىلغان، پۈركەلگەن، تۈكۈرۈلگەن، تەلەپپۇز قىلىنغان، ئوقۇلغان، ئاۋۇش چىقىرىلغان.

لَفِيفٌ: بۈك-باراقسان دەرەخ؛ ئارىلاش توپ، ھەر خىل كىشىلەردىن يىغىلغان توپ.

«جِئْنَا بِكُمْ لَفِيفًا» «قرآن»: سىلەرنى (قەبرەڭلەردىن مەھشەرگاھقا) ئارىلاش ئېلىپ كېلىمىز.

لَفِيفٌ مِنَ الْمُشَاهِدِينَ: تاماشىبىنلار توپى.

لَفِيفَةٌ ج لَفَائِفُ: بىر سىگار، بىر يۆگەم تاماكا، ئورالغان مال.

«أَنْزَلَ اللَّفَائِفَ مِنَ البَاخِرَةِ»: ئورالغانماللارنى پاراخوتتىن چۈشۈردى.

لِقَاءٌ: ئۇچرىشىش، ئۇچراتماق، مۇلاقات بولۇش، يولۇقۇپ قالماق، يۈز كۆرۈشمەك.

إِلَى اللِّقَاءِ: خەير-خوش، خەير، يەنە كۆرۈشەرمىز.

﴿قَدْ خَسِرَ الَّذِينَ كَذَّبُوا بِلِقَاءِ اللهِ﴾ «قرآن»: ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى (يەنى، قايتا تىرىلىشنى) ئىنكار قىلغانلار ھەقىقەتەن زىيان تارتتى.

لِقَاء ج لِقَاآتٌ: ئۇچرىشىش، يىغىن، سۆھبەت.

«تَمَّ لِقَاءٌ بَيْنَ الطَّلَبَةِ»: ئوقۇغۇچىلار ئارا يىغىن ئۆتكەندى.

«لِقَاءٌ تَلْفَزِيٌّ»: تېلېۋىزىيە سۆھبىتى.

«لِقَاءَات إِذَاعِيَّةٌ»: رادىئو سۆھبىتى.

جَازَةُ لِقَاءِ اجْتِهَادِهِ: ئۇنى تىرىشچانلىقىغا قارىتا مۇكاپاتلىدى.

لَقَاحٌ: تۆگە، ئات قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇقى، ئىسپېرمىسى.

لَقَاحٌ: چاڭ، ئۇرۇق، ۋىرۇس.

لَقَاحُ النَّبَاتِ: گۈلچىكى.

لَقَاح الْجُدْرِيّ: چېچەك ۋاكسىنىسى.

لُقَاطٌ - لُقَاطَةُ الحِصَادِ: چېچىلىپ كەتكەن باشاق، چۈشۈپ قالغان نەرسە.

لُقَاطَةٌ ج أَلْقَاطٌ: چۈشۈپ قالغان نەرسە، باش، باشاق، مېتال، ئالتۇن قاچىلىرى، تېپىۋالغان نەرسە.

لَقَبٌ ج أَلْقَابٌ: تەخەللۇس، لەقەم، نام.

لَقَبُ شَرَفٍ: ھۆرمەت نامى، شەرەپلىك نام.

لَقَبُ أُسْتَاذٍ: پروفېسسورلۇق نام.

فَازَ بِلَقَبِ الْبُطُولَةِ فِي السِّبَاحَةِ: سۇ ئۈزۈشتە چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى.

لَقَبُ دُكْتُورٍ شَرَفِيّ: پەخرىي دوكتورلۇق نامى.

﴿وَلاَتَلْمِزُوا أَنْفُسَكُمْ وَلاَتَنَابَزُوا بِالأَلْقَابِ﴾ «قرآن»: بىر-بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار.

لَقِحَ يَلْقَحُ لَقْحًا وَ لَقَاحًا: بوغاز بولدى، ھامىلىدار بولدى، بويىدا قالدى، ئىككى قات بولدى، چاڭلاشتى.

لَقِحَتِ النَّاقَةُ: تۆگە بوغاز بولدى.

لَقِحَتِ النَّخْلَةُ: خورما چاڭلاشتى.

لَقَدْ: ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان قوشۇمچە بولۇپ، دەرۋەقە، دېگەندەك، ھەقىقەتەن، راست، راستتىنلا، ئاللىقاچان، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

لَقَدْ أَحْرَزْنَا إِنْتِصَارَاتٍ عَظِيْمَةً: بىز ھەقىقەتەن چوڭ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

لَقَسَ يَلْقُسُ / يَلْقِسُ لَقْسًا: زاڭلىق قىلدى، مەسخىرە قىلدى، كىنايە قىلدى، شاڭخو قىلدى.

لَقَصَ يَلْقَصُ لَقْصًا الشَّيْءُ جِلْدَهُ: كۆيدۈردى.

لَقِصَ يَلْقَصُ لَقَصًا فُلاَنٌ: سىقىلدى.

لَقَطَ يَلْقُطُ لَقْطًا: تەردى، تېپىۋالدى.

لَقَطَ الطَّائِرُ الْحَبَّ: قۇش داننى يېدى.

لَقَطَ الشَّخْصُ الشَّيْءَ: نەرسىنى تېرىۋالدى.

لَقَطَ الشَّخْصُ الصُّوْرَةَ: رەسىم تارتتى.

لَقَطٌ: چۈشۈپ قالغان نەرسە، باش، باشاق، مېتال، ئالتۇن پارچىلىرى، تېپىۋالغان نەرسە.

لَقْطَةٌ لَقَطَاتٌ: بىر قېتىم تېرىش، كىنودىكى كۆرۈنۈش.

لَقَطَاتٌ خَارِجِيَّةٌ: كىنونىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى (فىلىمنىڭ).

لَقْطَةٌ دَاخِلِيَّةٌ: كىنونىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى (فىلىمنىڭ).

لُقْطَةٌ ج لُقَط لُقَطَاتٌ: چۈشۈپ قالغان نەرسە؛ باش، باشاق، مېتال؛ ئالتۇن پارچىلىرى؛ تېپىۋالغان نەرسە.

لَقَعَ يَلْقَعُ لَقْعًا: تاشلىدى، چۆرىدى، ئىرغىتىپ تاشلىدى.

لَقِفَ يَلْقَفُ لَقْفًا وَ لَقَفَانًا: تۇتۇۋالدى، قولغا ئالدى، قولغا چۈشۈردى، ئېسىلىۋالدى، يېيىشتى، دەم تارتىپ يۇتۇۋەتتى.

«لَقِفَ الكُرَةَ»: توپنى تۇتۇۋالدى.

﴿وَأَلْقِ مَا فِي يَمِينِكَ تَلْقَفْ مَا صَنَعُوا﴾ «قرآن»: قولۇڭدىكىنى تاشلىغىن، ئۇ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىدۇ.

لَقَّ يَلَقّ لَقًّا عَيْنَهُ: كۆزىگە قولى بىلەن ئۇردى.

لَقَّاقٌ: كوت ـ كوت، ۋالاقتەككۇر.

رَجُلٌ لَقَّاقٌ بَقَّاقٌ: ۋالاقتەككۇر ئادەم.

لَقَّبَ يُلَقِّبُ تَلْقِيبًا الشَّخْصَ بِكَذَا: لەقەم قويىدى، باشقا ئىسىم قويدى.

لَقَبٌ ج أَلْقَابٌ: لەقەم، باشقا ئىسىم، فامىلە، نام، ھۆرمەت نامى.

لَقَّبَهُ بِالجَاحِظِ: ئۇنىڭغا جاھىز دەپ لەقەم قويدى.

لُقِّبَتْ بِالْعَرْجَاءِ: ئۇنىڭغا توكۇر، دەپ لەقەم قويۇلدى.

لَقَّحَ يُلَقِّحُ تَلْقِيحًا: چاڭلاشتۇردى، ئۇرۇقلاندۇردى، ئۇلىدى.

لَقَّحَ شَجَرَةَ الْمِشْمِشِ خوخًا: ئۆرۈك دەرىخىگە شاپتۇلنى ئۇلىدى.

لَقَّحَ ضِدَّ مَرَضِ السِّلِّ: تۇبېركۇليۇزغا قارشى ۋاكسىنا ئۇرۇلدى.

لَقَّفَ يُلَقِّفُ تَلْقِيفًا فُلَانًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئۇنىڭ تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن تاشلاپ بەردى، ئېتىپ بەردى.

لَقَّفَ الطَّعَامَ: تاماقنى يېگۈزدى.

لَقَّفَهُ الدَّرْسَ: ئۇنىڭغا دەرسنى ئۆگەتتى.

لَقَّمَ يُلَقِّمُ تَلْقِيمًا ـــ هُ الطَّعَامَ: ئۇنىڭغا تاماقنى تېز يېگۈزدى.

لَقَّمَ البَعِيرَ وَ نَحْوَهُ: تۆگە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلارغا قولى بىلەن يېگۈزدى.

لَقَّمَ الشَّجَرَةَ: (مېۋىلىك) دەرەخنى ئۇلىدى.

«لَقَّمَ الْخَوْخَ مِشْمِشًا»: شاپتۇلنى ئۆرۈككە ئۇلىدى.

لَقَّنَ يُلَقِّنُ تَلْقِينًا: ئۆگەتتى، ئېغىزاكى ئۆگەتتى، ئەسلەتتى، يوشۇرۇن ئاۋازدا دەپ بەردى.

«لَقَّنَ الْمُؤَدِّبُ تَلَامِيذَهُ الْقُرآنَ»: تەربىيىچى ئوقۇغۇچىلارغا قۇرئاننى ئۆگەتتى.

لَقَّى يُلَقِّي تَلْقِيَةً فُلَانًا الشَّيْءَ: نەرسىنى پالانىغا تاشلاپ بەردى.

لِقْلَاقٌ: سۆزمەنچى، پىتنىخور.

لَقْلَقَ يُلَقْلِقُ لَقْلَقَةً الشَّيْءَ: ھەرىكەتلەندۈردى، مىدىرلاتتى.

لَقْلَقَ اللَّقْلَاقُ: ئاق تۇرنا سايرىدى.

لَقْلَقٌ ج لَقَالِقُ: ئاق تۇرنا.

لَقِمَ يَلْقَمُ لَقْمًا الطَّرِيقَ وَ غَيْرَهُ: توستى، ئەتتى.

لَقِمَ يَلْقَمُ لَقْمًا الطَّعَامَ: تېز يېدى، چاپسان يېدى.

لُقْمَةٌ ج لُقَمٌ: لوقما، چىشلەم.

لُقْمَةٌ سَائِغَةٌ: نازۇنېمەت، ئېسىل تائام، مەززىلىك لوقما، يېيىشلىك تاماق.

لُقْمَةُ اللِّجَامِ: ئېغىزدۇرۇق.

لُقْمَةُ العَيْشِ: كۈنلۈك ئىش، ئاددىي ئوزۇق.

«فُلَانٌ يَجْرِي وَرَاءَ لُقْمَةِ العَيْشِ»: پالانى قورساق بېقىش ئۈچۈنلا قاترايدۇ.

جَعَلَهُ لُقْمَةً سَائِغَةً: ئۇنى سۆزىدىن چىقمايدىغان قىلىۋالدى.

لَقِنَ يَلْقَنُ لَقَنًا وَ لَقَانَةً: چۈشەندى.

«لَقِنَتِ البِنْتُ اللُّغْزَ»: قىز تېپىشماقنى تاپتى.

«لَقِنَ الطَّالِبُ مِنْ أُسْتَاذِهِ كُلَّ الدُّرُوسِ»: ئوقۇغۇچى ئۇستازىدىن ھەممە دەرسلەرنى ئالدى.

لَقِنٌ: ئۆتكۇر، زېھنى ئۆتكۈر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك.

لُقْوَةٌ: يۈز تېرىسىنىڭ تارتىشىپ قېلىش كېسىلى، تومۇر تارتىشىش كېسىلى، لەقۋا كېسىلى.

أُصِيبَ بِلَقْوَةٍ عِنْدَمَا بَلَغَ سِنَّ الثَّمَانِينَ: سەكسەنگە كىرگەندە يۈزى تارتىشىپ قالدى.

لَقِيَ يَلْقَى لِقَاءً وَ لُقْيَانًا وَ لُقْيَةً وَ تِلْقَاءً فُلَانًا: كۈتۈۋالدى،

قوبۇل قىلدى، كۆرۈشتى، يولۇقتى، ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇچرىدى.

لَقِيَهُ: ئۇچراشتى، كۆردى.

«لَقِيَهُ فِي الطَّرِيْقِ»: ئۇنىڭ بىلەن يولدا ئۇچراشتى، ئۇنى يولدا كۆردى.

«لَقِيَ صُعُوبَةً فِي الأَمْرِ»: ئىشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى.

لَقِيَ الشَّخْصُ رَبَّهُ: كىشى ئۆلدى.

لَقًى ج أَلْقَاءٌ . لُقْيَةٌ ج لُقًى: تاشلىۋېتىلگەن نەرسە، تېپىۋالغان نەرسە، تەرگەن نەرسە، سۈزۈۋالغان نەرسە.

لُقْيَةٌ: بىر قېتىم ئۇچرىشىش.

لَقِيْطٌ ج لُقَطَاءُ م لَقِيطَةٌ ج لَقَائِطُ: تېپىۋېلىنغان نەرسە، تېرىۋېلىنغان نەرسە.

بِنْتٌ لَقِيْطَةٌ: تېپىۋېلىنغان قىز.

اِبْنُ اللَّقِيْطَةِ: پەس، رەزىل، پاسكىنا.

لَقِيَّةٌ ج لَقَايَا: دەپىنە-دۇنيا، يەرگە كۆمۈلگەن بايلىق.

لُكَاتِيٌّ: ئاپئاق ئادەم.

لُكَاعٌ: پەس، تېگى پەس، ئىپلاس.

لَكَأَ يَلْكَأُ لَكْئًا حَقَّهُ: ئۇنىڭ ھەققىنى پۈتۈن بەردى.

لَكَأَهُ بِالسَّوْطِ: ئۇنى قامچا بىلەن ئۇردى.

لَكَأَ: تۇغدى.

لَعَنَ اللهُ أُمًّا لَكَأَتْ بِهِ: ئۇنى تۇغقان ئانىغا ئاللاھ لەنەت قىلسۇن.

لَكِئَ يَلْكَأُ لَكَأً الشَّخْصُ بِالْمَكَانِ: بىرەر يەردە تۇردى.

لَكَثَ يَلْكَثُ لَكْثًا الوَسَخُ عَلَيْهِ أَوْ بِهِ: ئۇنىڭغا كىر چاپلىشىۋالدى.

لَكَثَ يَلْكُثُ لَكْثًا وَلُكَاثًا: مۇشتلاپ ئۇردى، تەپتى.

لَكِثٌ: سېمىز.

نَاقَةٌ لَكِثَةٌ: سېمىز تۆگە.

لَكَحَ يَلْكَحُ لَكْحًا: مۇشتلىدى.

لَكَحَهُ بِلِسَانِهِ: يالىدى.

لَكَدَ يَلْكَدُ لَكَدًا الوَسَخُ عَلَى فُلَانٍ: كىر بولۇپ كەتتى، كىر چاپلىشىپ قالدى.

لَكَدَ الشَّعْرُ: چاچ چىگىچلىشىپ كەتتى.

لَكِدٌ: بېخىل، پېخسىق.

لَكَزَ يَلْكُزُ لَكْزًا ـــ هُ: ئۇنىڭ كۆكسىگە (مەيدىسىگە) مۇشتلىدى.

لَكِسٌ: باشباشتاق ئادەم.

لَكَشَ يَلْكُشُ لَكْشًا ـــ هُ بِيَدِهِ: مۇشتلىدى.

لَكَشَ الفَرَسَ بِالرِّكَابِ: ئاتنى ئۈزەڭگە بىلەن دېۋىتتى.

لَكَضَ يَلْكُضُ لَكْضًا فُلَانًا: مۇشتلىدى.

لَكُعَ يَلْكُعُ لَكَعًا وَلَكَاعَةً الشَّخْصُ: كىشى يامان بولدى، پەسكەش بولدى، رەزىل بولدى، ئىپلاس بولدى، ئەخمەق بولدى.

لَكِعَ يَلْكَعُ لَكَعًا وَلَكَاعَةً: پەسكەش بولدى، رەزىل بولدى، ئەخمەق بولدى.

لَكِعَ عَلَيْهِ الوَسَخُ: ئۇنىڭغا كىر يۇقتى، ئۇ مەينەت بولدى.

لُكَعُ: پەسكەش، ئەخمەق؛ كىچىك بالا، گۆدەك بالا؛ مەينەت، پاسكىنا؛ تاي، تەخەي.

يَا لُكَعُ: ۋۇ پەسكەش! ۋۇ پاسكىنا.

«أَثَمَّ لُكَعُ» حديث: «قَالَهُ رسول الله صلى الله عليه وسلم: مُسْتَفْسِرًا فَاطِمَةَ، يُرِيْدُ الْحَسَنَ أَوِ الْحُسَيْنَ»: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى فاتىمەدىن بۇ يەردە بالىچاق (ھەسەن ياكى ھۈسەيىننى دېمەكچى) بارمۇ؟ دەپ سورىدى.

لُكَعَةٌ: پەسكەش ئايال.

لَكَّ يَلُكُّ لَكًّا ـــ هُ: ئۇنىڭ گەردىنىگە مۇشتلىدى.

«لَكَّ المُصَارِعُ خَصْمَهُ»: چېلىشقۇچى قارشى تەرەپنىڭ گەردىنىگە مۇشتلىدى.

لُكَّاثٌ: گەجگى، گەج ياسايدىغان ئادەم.

لَكَمَ يَلْكُمُ لَكْمًا: مۇشتلىدى.

«لَكَمَ الْمُلَاكِمُ خَصْمَهُ»: بوكسىيورچى قارشى تەرەپنى مۇشتلىدى.

لَكَمَهُ: ئىتتەردى.

«لَكَمَ الشُّرْطِيُّ الْمُجْرِمَ»: ساقچى جىنايەتچىنى ئىتتەردى.

لَكْمَةٌ ج لَكَمَاتٌ: مۇشتلىماق.

لَكِنَ يَلْكَنُ لَكَنًا وَلُكْنَةً: كېكەچلىدى، تىل چاينىدى، دۇدۇقلىدى.

«يَلْكَنُ الْمُسْتَشْرِقُ فِي كَلَامِهِ»: شەرقشۇناس سۆزلىگەندە كېكەچلەيدۇ.

لَكِنْ: لېكىن.

«مَا قَامَ زَيْدٌ لَكِنْ عَمْرو»: زەيد تۇرمىدى، لېكىن ئەمر تۇردى.

«لا تَضْرِبْ زَيْدًا لَكِنْ عَمْرًا»: زەيدنى ئەمەس، ئەمرنى ئۇرغىن.

﴿وَلَكِنْ كَانُوا هُمُ الظَّالِمِيْن﴾ «قرآن»: ۋە لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى.

لَكِنَّ: لېكىن.

«قَامَ الْقَوْمُ لَكِنَّ صَالِحًا جَالِسٌ»: كىشىلەر ئۆرە تۇرغان، لېكىن سالىھ ئولتۇرغان.

«لَوْجَاءَنِي لَأَكْرَمْتُهُ لَكِنَّهُ لَمْ يَجِئْ»: ئۇ كەلگەن بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى ئىززەت قىلاتتىم، لېكىن، ئۇ كەلمىدى.

لَكِيعٌ ج لُكَعَاءُ: پەسكەش، ئەخمەق.

لَمْ: ھازىرقى زامان پېئىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى ئۆتكەن زامان بولۇشسىز پېئىلغا ئايلاندۇرىدىغان قوشۇمچە.

«لَمْ يَكْتُبْ دَرْسَهُ»: ئۇ دەرسنى يازمىدى.

«أَلَمْ أَقُلْ لَكَ ذَلِكَ»: ساڭا شۇنى ئېيتمىدىممۇ؟!

«أَوَلَمْ يُؤَدِّبْكُمْ أَبُوكُمْ»: داداڭلار سىلەرنى تەربىيلىمىدىمۇ؟

﴿أَلَمْ أَقُلْ لَكَ إِنَّكَ لَنْ تَسْتَطِيعَ مَعِيَ صَبْرًا﴾ «قرآن»: ساڭا مەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر-تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن، دېمىدىممۇ؟

لِمَ: نېمە ئۈچۈن، نېمىشقا.

«لِمَ ضَرَبْتَهُ؟»: ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۇردۇڭ؟

لِمَاذَا: نېمە ئۈچۈن، نېمىشقا.

«لِمَاذَا فَعَلْتَ هَذَا؟»: بۇنى نېمە ئۈچۈن قىلدىڭ؟

«لِمَاذَا غِبْتَ عَنِ الدَّرْسِ اليَوْمَ؟»: بۈگۈن نېمە ئۈچۈن دەرسكە كەلمىدىڭ؟

لُمَاظَةٌ ج لُمَظَاتٌ: تائامنىڭ ئېغىزدىكى قالدۇقى، نەرسىنىڭ ئاز قالدۇقى.

«أَلْقَى لُمَاظَةً مِنْ فِيْهِ»: تائامنىڭ ئېغىزدىكى قالدۇقنى تۈكۈردى.

«مَا الدُّنْيَا إِلَّا لُمَاظَةُ أَيَّامٍ»: دۇنيا كۈنلىرى ئازغىنە قالدۇقتۇر.

لَمَاقٌ: پارچە-پۇرات يېمەكلىك.

مَا ذُقْتُ لَمَاقًا: ئازراقمۇ تېتىپ باقمىدىم.

لِمَاكٌ . لُمَاكٌ: سۈرمەل، سۈرمە تېشى.

لِمَامٌ: چېكە چاچ، ياڭاق چاچ.

لَمَجَ يَلْمُجُ لَمْجًا: يېدى.

لَمَجَ الرَّضِيعُ أُمَّهُ: بوۋاق ئانىسىنى ئەمدى.

لُمْجَةٌ ج لُمَجٌ: چۈشلۈك تاماق بىلەن كەچلىك تاماق ئارىسىدا يېيىلىدىغان يەڭگىل يېمەكلىكلەر.

«اللُّمْجَةُ ضَرُورِيَّةٌ لِنُمُوِّ الأَطْفَالِ»: چۈشلۈك تاماق بىلەن كەچلىك تاماق ئارىسىدا ئازراق بىرنەرسە يېيىش بالىلار ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

لَمَحَ يَلْمَحُ لَمْحًا: نەزەر تاشلىدى، قاراپ قويدى، كۆرۈپ قالدى، كۆزگە چېلىقتى.

لَمَحَهُ يَجْرِي: ئۇنىڭ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

لَمَحَ يَلْمَحُ لَمْحًا وَلَمَحَانًا وَ تَلْمَاحًا النَّجْمُ أَوِ البَرْقُ:

يۇلتۇز ياكى چاقماق جىمىرلىدى، چاقنىدى.

لَمَحَ: كۆرۈپ قالماق، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە، تېز قارىماق، تېزلىكتە.

﴿وَمَا أَمْرُ السَّاعَةِ إِلَّا كَلَمْحِ الْبَصَرِ أَوْ هُوَ أَقْرَبُ﴾ ‹قۇرئان›: قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچىلىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تېزدۇر. «عَادَ فِي لَمْحِ الْبَصَرِ»: ئۇ كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە قايتىپ كەلدى.

لَمْحَة: كۆز يۈگۈرتۈش، لەپپىدە قاراش.

لَمْحَةٌ ج مَلَامِحُ الْوَجْهِ: چىراي، چېھرە.

لَمَخَ يَلْمَخُ لَمْخًا فُلَانًا: مۇشتلىدى، كاچاتلىدى.

لَمَدَ يَلْمُدُ لَمْدًا فُلَانًا: پالانىغا باش ئەگدى.

لَمَزَ يَلْمُزُ / يَلْمِزُ لَمْزًا: ئىشارەت قىلدى، زاڭلىق قىلدى.

«تَلْمُزُ الْعَجُوزُ بِجَارَاتِهَا»: قېرى خوتۇن قوشنىلىرىنى مازاق قىلىدۇ.

لُمَزَة: سۇخەنچى، قۇسۇرچى، ئەيىبلىگۈچى.

«رَجُلٌ لُمَزَةٌ لَا يَسْلَمُ مِنْ لِسَانِهِ أَحَدٌ»: قۇسۇرچى ئادەمنىڭ تىلىدىن ھېچكىم ئامان قالمايدۇ.

﴿وَيْلٌ لِكُلِّ هُمَزَةٍ لُمَزَةٍ﴾ ‹قۇرئان›: (كىشىلەرنى) ئەيىبلىگۈچى سۇخەنچىگە ۋاي!

لَمَسَ يَلْمُسُ / يَلْمِسُ لَمْسًا: سىلىدى، تەگدى، تېگىپ كەتتى، ئۇچراشتى، يېقىنلاشتى، ئارىلاشتى، ھېس قىلدى، سەزدى.

«لَمَسَ تَغْيِيرًا فِي سُلُوكِهِ»: ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىدا ئۆزگىرىش ھېس قىلدى.

لَمَسَ الْمَرْأَةَ: ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدى.

لَمَسَ الْحَقِيقَةَ: ھەقىقەتنى تاپتى.

لَهُ شُعَاعٌ يَكَادُ يَلْمِسُ الْبَصَرَ: ئۇنىڭ نۇرى كۆزنى ئېلىپ كەتكىلى تاس قالدى.

لَمَسَ الشَّيْءَ: ئىزدىدى، ئاقتۇردى.

لَمْس: سىلىماق، تۇتماق، ئۇرۇلماق، سوقۇلماق، تېگىپ كەتمەك، ئۇچراشماق، ئۇچراتماق، دوقۇرۇشماق، دۇچ كەلمەك، سۈركىمەك، سۈركەلمەك.

مَمْنُوعُ اللَّمْسِ بِالْيَدِ: تۇتۇشقا بولمايدىغان.

حَاسَّةُ اللَّمْسِ قَوِيَّةٌ عِنْدَ الْمَكْفُوفِ: كورنىڭ تۇتۇش سېزىمى كۈچلۈك.

لَمَسَاتٌ أَخِيرَةٌ لِلْكِتَابِ قَبْلَ تَقْدِيمِهِ لِطَّبْعِ: كىتابنى نەشرگە سۇنۇشتىن ئىلگىرى ئاخىرقى قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈش.

لَمَطَهُ: ئۇنىڭغا نەيزە سانجىدى.

لَمَطَ يَلْمُطُ لَمْطًا فُلَانٌ: ھودۇقۇپ كەتتى، پاراكەندە بولدى، خاتىرجەمسىزلەندى.

لَمَظَ يَلْمُظُ لَمْظًا: تىلىنى چىقىرىپ لىۋىنى يالىدى.

لَمَظَ الطَّعَامَ: تەمىنى تېتىپ باقتى.

لَمَظَ الْكَلْبُ الْمَاءَ: ئىت سۇنى تىلىنىڭ ئۇچى بىلەن تېتىپ باقتى.

لَمَعَ يَلْمَعُ لَمْعًا وَلَمَعَانًا: يالتىرىدى، پارقىرىدى، جىلۋىلەندى، پىلىلدىدى، جىمىرلىدى، چاقنىدى، كۆرۈندى، نۇر چاچتى، يورۇدى.

لَمَعَ بِسَيْفِهِ: قىلىچ ئوينىتتى، پولاڭلاتتى.

لَمَعَ بِيَدِهِ: كۆرسەتتى، ئىشارەت قىلدى.

لَمَعَ بِالشَّيْءِ: ئېلىپ كەتتى، ئاپىرىپ بەردى.

«لَمَعَ الْمُسَافِرُ إِلَى صَاحِبِ السَّيَّارَةِ بِيَدِهِ»: يولۇچى ماشىنا ئىگىسىگە قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى.

لَمَعَ فِي رَأْسِهِ خَاطِرٌ: كاللىسىدىن بىرەر ئوي لاپپىدە ئۆتۈپ كەتتى.

لَمَعَ نَجْمُهُ: مەشھۇر بولدى، داڭقى چىقتى، شۆھرەت قازاندى.

لَمْعٌ . لَمَعَانٌ: پارقىرىماق، جىمىرلىماق، كۆرۈنمەك، چاقنىماق، يانماق، جىلۋىلەنمەك.

لَمَقَ يَلْمُقُ لَمْقًا وَ لُمُوقًا إِلَيْهِ: قارىدى، كۆز يۇگۈرتتى.

لَمَقَ عَيْنَهُ: كۆزىگە ئۇردى، بىر كۆزىنى قۇيۇۋەتتى.

لَمَقَ الشَّيْءَ: ئۆچۈرۈۋەتتى؛ يازدى.

لَمَقَ إِلَيْهِ بِبَصَرِهِ: تىكىلىپ قارىدى.

لَمَقُ الطَّرِيْقِ: يول ئوتتۇرىسى، يول ئۈستى.

أَخَذَ فِي لَمَقَ الطَّرِيْقِ: يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭدى.

لَمَكَ يَلْمُكُ لَمْكًا العَجِيْنَ: خېمىر يۇغۇردى.

لَمْكٌ: سۈرمەل، سۈرمە تېشى.

لَمْلَمَ يُلَمْلِمُ لَمْلَمَةً الشَّخْصُ الْحَجَرَ: تاشنى يۇملاق قىلدى.

لَمْلَمَ الشَّخْصُ الشَّيْءَ: يىغدى، توپلىدى.

لَمْلَمَ الْفَتَّ وَالسَّمِيْنَ: سېمىز-ئورۇقنىڭ ھەممىسىنى يىغدى.

لَمْلَمٌ ج لَمَالِمُ: يىغىلغان، كۆپ.

«حَيٌّ شَعْبِيٌّ لَمْلَمٌ»: خەلق كۆپ يىغىلغان مەھەللە.

«جَيْشٌ لَمْلَمٌ»: يىغىلغان كۆپ قوشۇن.

لَمَّ يَلُمُّ لَمًّا الشَّخْصُ الشَّيْءَ: يىغدى، توپلىدى.

«لَمَّ الطَّالِبُ أَدَوَاتِهِ»: ئوقۇغۇچى ماتېرىياللىرىنى يىغىشتۇردى.

«يَلُمُّ شِتَاتَ أَفْكَارِهِ»: چېچىلغان ئوي-پىكىرلىرىنى يىغىدۇ.

لَمَّ اللهُ شَعْثَهُ: ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى تۈزەپ ھالىنى ئوڭشىدى.

لَمَّ بِفُلَانٍ: كېلىپ چۈشتى، ئورۇنلاشتى، قوندى.

لُمَّ فُلَانٌ: پالانى سەل ئېلىشىپ قالدى.

لَمٌّ: يىغماق، جۇغلىماق، توپلىماق، جەملىمەك.

لَمَّ الشَّعْثِ: ئىتتىپاقلاشتۇرماق، بىرلەشتۈرمەك، جىپسىلاشتۇرماق، بىرلىك، يېڭىۋاشتىن قۇرماق.

﴿وَتَأْكُلُونَ التُّرَاثَ أَكْلًا لَمًّا﴾ ‹قۇرئان›: مىراسنى (ھالال-ھارام دېمەستىن) ھەدەپ يەيسىلەر.

لَمَمٌ: ساراڭلىق، ئازراق ساراڭلىق؛ خاتالىق، سەۋەنلىك، كىچىك گۇناھ، كىچىك جىنايەت.

لَمَّا: ... غان چاغدا، ... ئىكەن، ... بولۇپ تۇرۇقلۇق، ... غاندىن كېيىن، مادامىكى، تېخى يوق، ھازىرغا قەدەر... يوق، تېخىچىلا يوق، ئەمەس، ... سىز بولۇپ باقمىغان.

لَمَّا تَنْجَحِ الثَّوْرَةُ: ئىنقىلاب تېخى غەلىبە قىلالمىغان.

«لَمَّا يَفْعَلْ كَذَا»: تېخى شۇنداق قىلمىدى.

«لَمَّا يَرْجِعْ أَبِي إِلَى الْمَنْزِلِ»: دادام تېخى ئۆيگە قايتمىدى.

﴿قَالَتِ الْأَعْرَابُ آمَنَّا قُلْ لَمْ تُؤْمِنُوا وَلَكِنْ قُولُوا أَسْلَمْنَا وَلَمَّا يَدْخُلِ الْإِيمَانُ فِي قُلُوبِكُمْ﴾ ‹قۇرئان›: ئەئرابلار: «ئىمان ئېيتتۇق»، دەيدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(تېخى) ئىمان ئېيتمىدىڭلار، ۋە لېكىن سىلەر بويسۇندۇق دەڭلار، ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى».

لِمَّا: سىكاتى بېلىقى، سىنگراي، كېپىنەك بېلىق.

لَمَّازٌ ج لَمَّازُونَ: ئەيىبلىگۈچى، يوق يەردىن پۇتاق چىقارغۇچى، پىتنىخور.

لَمَّاعٌ: پارقىراق، يالتىراق، يارقىن، نۇرلۇق، شانلىق، رەڭلىك.

لَمَّاعَةٌ: بۇركۇت.

لَمَّةٌ ج لَمَّاتٌ: قىيىنچىلىق، بالايىئاپەت، زامان، ھىممەت، ئىرادە؛ كىشىلەر توپى، توپلانغان نەرسە.

لَمَّةٌ مِنَ الْجُنُوْنِ: ساراڭلىق، يەڭگىل ساراڭلىق.

كَانَتْ بِدَارِهِ لَمَّةٌ بِمُنَاسَبَةِ زَفَافِ إِبْنَتِهِ: ئۇنىڭ قىزىنىڭ توي مۇناسىۋىتى بىلەن قورۇسىغا جامائەت يىغىلغان.

أَصَابَتْهُ مِنَ الْجِنِّ لَمَّةٌ: ئۇنىڭغا جىن چاپلىشىپ قاپتۇ.

لَمَّةٌ ج لِمَامٌ: ئانـدا ـ سـاندا، بەزىـدە، ئـارىلاپ ـ ئارىلاپ، گاھى ـ گاھى.

هُوَ يَزُورُنَا لِمَامًا: ئـۇ بىزنـى ئانـدا ـ سـاندا يـوقلاپ تۇرىدۇ.

لُمَّةٌ: سەپەردىكى ھەمراھ، شېرىك.

لَا تُسَافِرُوا حَتَّى تُصِيبُوا لُمَّةً: ھەمـراھ تـاپمىغۇچە سەپەر قىلماڭلار.

لِمَّةٌ ج لِمَمٌ: چېكە چاچ، ياگاق چاچ.

لَمَّجَ يُلَمِّجُ تَلْمِيجًا ــ هُ: يېچـىنە يېگـۈزدى، ئـازراق نەرسە يېگۈزدى.

«مَالَمَّجُوا ضَيْفَهُمْ بِشَيْءٍ»: ئـۇلار مېھمىنىغـا بـىرەر نەرسە يېگۈزمىدى.

«لَمَّجَ الْمُدِيرُ التَّلَامِيذَ خُبْزًا وَ زُبْدَةً وَ جُبْنًا»: مـۇدىر ئوقۇغۇچىلارغـا نـان، سـارماي، پـىشلاق (ئىرىمچىك) يېگۈزدى.

لَمَّحَ يُلَمِّحُ تَلْمِيحًا: ئىـشارەت قىلـدى، كۆرسـەتتى، پۇراتتى، دارىتتى.

«لَمَّحَ إِلَى الْمَوَدَّةِ الْقَائِمَةِ بَيْنَهُمَا»: ئـۇ ئىككىسـىلەن ئوتتۇرىدىكى دوستلۇقنى پۇرىتىپ ئۆتتى.

لَمَّظَ يُلَمِّظُ تَلْمِيظًا ــ هُ الطَّعَامَ: ئۇنىڭغـا تائـامنى تېتىتتى.

لَمَّعَ يُلَمِّعُ تَلْمِيعًا: پارقىراتتى، چاقناتتى، يورۇتتى، كۆرسـەتتى، گـۈل باسـتى، بويىـدى، رەڭ بەردى، سىرلىدى.

«لَمَّعَ حِذَاءَهُ»: ئايىغىنى پارقىراتتى.

لَمَّعَ الصَّبَّاغُ النَّسِيجَ: بوياقچى رەختكە گۈل باستى.

لَمُوصٌ: يالغـانچى، سـاختىپەز، ئالـدامچى، غەيۋەتخور.

لَمِيَ يَلْمَى لَمًى: لېۋى بۇغداي ئۆڭلۈك بولدى.

«شَفَةٌ لَمْيَاءُ»: بۇغداي ئۆڭلۈك لەۋ.

لَنْ: ئىنكـار قوشۇمچىسـى، ئـۇ ھـازىرقى زامـان پېئىلنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ ھازىرقى زامان پېئىلنى فەتھىلىك قىلىدۇ.

«لَنْ أَكْذِبَ»: ھەرگىز يالغانچىلىق قىلمايمەن.

لَهَا يَلْهُو لَهْوًا: ئوينىـدى، تاماشا قىلـدى، كۆڭـۇل ئاچتى، ئىچ پۇشـۇقىنى چىقاردى؛ يېرىلـدى، ياخشى كۆردى، قىزىقتى.

«لَهَا الطِّفْلُ بِالْكُرَةِ»: بالا توپ ئوينىدى.

«تَلْهُو الْبِنْتُ بِالدُّمْيَةِ»: قىز قونچاق ئوينايدۇ.

«لَهَتْ إِلَى كَلَامِ حَبِيبِهَا»: ئـۇ سـۆيگىنىنىڭ گېپىگە قىزىقتى.

لَهَا يَلْهُو لُهِيًّا: غەپلەتتە قالدى.

«لَهَا عَنْ ذِكْرِ اللهِ»: ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قالدى.

لَهَا يَلْهُو لُهِيًّا وَلِهْيَانًا عَنِ الشَّيْءِ: ئۇنتـۇپ قالـدى، يادىـدىن كۆتۈرۈلـدى، ئېـسىدىن چىقىـپ كەتتى، ئەستىن كۆتۈرۈلدى.

لُهَابٌ: يالقۇن.

لَهَاةٌ ج لَهَوَاتٌ وَ لَهَيَاتٌ وَ لَهًا: كىچىك تىل.

لُهَاثٌ: تەشنالىق، چاڭقاش، سەكرات.

هُوَ يُقَاسِي لُهَاثَ الْمَوْتِ: ئـۇ سەكراتلىق ھـالەتنى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.

لَهِبَ يَلْهَبُ لَهَبًا وَلَهِيبًا ــ تِ النَّارُ: ئوت يالقۇنلىدى.

لَهِبَ الشَّخْصُ: ئۇسسىدى.

«يَلْهَبُ مِنْ شِدَّةِ الْحَرِّ»: ئـۇ بەك ئىسسىق بولغانلىقتىن ئۇسسايدۇ.

لَهَبٌ: يالقۇن، ئوت.

لَهَبٌ . لَهِيبٌ . لُهَابٌ: يالقۇن.

أبو لَهَبٍ: قىزىل تۇرنا.

قَاذِفَاتُ اللَّهَبِ: ئوت چاچار قورال، ئوت پۈركۈش قورالى.

لَهْبَانُ م لَهْبَى ج لِهَابٌ: ئۇسسۇز، ئۇسساپ قالغان، چاڭقاپ قالغان.

لَهَثَ يَلْهَثُ لَهَثًا وَلُهَاثًا الْكَلْبُ: ئىت تىلىنى چىقىرىپ

هاسىرىدى.

﴿كَمَثَلِ الكَلْبِ إنْ تَحْمِلْ عَلَيْهِ يَلْهَثْ أَوْ تَتْرُكْهُ يَلْهَثْ﴾ «قرآن»: ئۇ گويا بىر ئىتقا ئوخشايدۇكى، ئۇنى قوغلىۋەتسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ هاسىرايدۇ، قوغلىۋەتمىسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ هاسىرايدۇ.

لَهِثَ يَلْهَثُ لَهَثًا وَلُهَاثًا وَلَهَثَانًا الْكَلْبُ: ئىت هاسىرىدى.

لَهِثَ الشَّخْصُ: ھېرىپ چارچىدى.

يَلْهَثُ وَرَاءَ الثَّرْوَةِ: بايلىق ئارقىسىدىن چاپىدۇ.

لَهْثَانٌ م لَهْثَى: هاسىرىغۇچى، هۆمىدىگۈچى، دېمى سىقىلغۇچى، ئۇسسۇز، چاڭقاپ كەتكەن.

لَهِجَ يَلْهَجُ لَهَجًا الشَّخْصُ: خۇمار بولدى، ياخشى كۆردى، مەستانە بولدى، مەپتۇن بولدى، ئاشىق بولدى، شەيدا بولدى، ئادەتلەندى، كۆندى، قىزىقتى، ھەۋەس قىلدى، سۆيدى.

«يَلْهَجُ بِفَضْلِ أُسْتَاذِهِ»: ئۇ ئۇستازىنىڭ پەزىلىتىگە خۇشتار.

لَهِجَ الْفَصِيلُ بِضَرْعِ أُمِّهِ: ئەمچەكتىن ئاجرىتىۋېتىلگەن بالا ئانىسىنى ئېمىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن.

لَهِجٌ: بىرەر نەرسىگە بېرىلگەن، ئادەتلىنىپ قالغان.

«لَهِجٌ بِذِكْرِ أَفْضَالِهِ»: ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى تىلغا ئېلىشقا خۇشتار.

لَهْجَةٌ ج لَهَجَاتٌ: تىل ئۇچى؛ شېۋە، دىئالېكت، يەرلىك تىل، يەرلىك سۆز؛ ئانا تىل؛ ئىنتوناتسىيە، ئاھاڭ، ئاۋۇش، تەلەپپۇز.

فُلَانٌ فَصِيحُ اللَّهْجَةِ: پالانىنىڭ تىلى ئۆتكۈر.

كَانَ شَدِيدَ اللَّهْجَةِ فِي جَوَابِهِ: قاتتىق جاۋاب بەردى.

لَهْجَةٌ بَدَوِيَّةٌ: قىر شېۋىسى.

لَهْجَةٌ مَغْرِبِيَّةٌ: ماراكەش شېۋىسى.

لَهَدَهُ يَلْهَدُ لَهْدًا الحِمْلُ: يۈك ئۇنى ھارغۇزۇۋەتتى، يۈكى ئېغىرلىشىپ كەتتى.

لَهْذَمٌ ج لَهَاذِمُ وَلَهَاذِمَةٌ: ئۆتكۈر، تېز، كەسكىن، جىددىي.

لَهَزَ يَلْهَزُ لَهْزًا: ئىتتەردى، مۇشتلىدى، تەستەكلىدى.

لُهْسُمٌ ج لَهَاسِمُ: تاغ جىلغىسىدىكى تار ئېقىن.

لَهَطَ يَلْهَطُ لَهْطًا: كاچاتلىدى، تەستەكلىدى.

لَهِفَ يَلْهَفُ لَهَفًا: قايغۇردى، ھەسرەت چەكتى، ئۆكۈندى، ئاھ ئۇردى.

«لَهِفَ عَلَى فِرَاقِ حَبِيبَتِهِ»: يارىدىن ئايرىلغىنىغا ھەسرەت چەكتى.

لَهْفَانُ م لَهْفَى ج لَهَافَى وَ لُهُفٌ: ھەسرەت چەككەن، قايغۇرغان، غەمكىن، ئېچىنغان.

لَهْفٌ وَ لَهْفَةٌ: ھەسرەت، قايغۇ-ئەلەم، ئاھ ئۇرماق، ھەسرەت چەكمەك، ئېچىنماق، ئۇھ تارتماق.

يَا لَهْفُ فُلَانٍ / يَا لَهْفَاهُ: پالانىغا ئىسىت، ۋاي ئىسىت.

بِلَهْفَةٍ: ئىنتىزارلىق بىلەن، تەشنالىق بىلەن، ئارزۇ قىلىپ، سەممىي رەۋىشتە، پۈتۈن قەلبىدىن، چىن كۆڭلىدىن.

إنْتَظَرَهُ بِلَهْفَةٍ: ئۇنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى.

لَهَقَ يَلْهَقُ لَهَقًا وَلَهِقَ يَلْهَقُ لَهَقًا الشَّيْءُ: نەرسە ئاپئاق بولۇپ كەتتى.

لَهَقٌ ج لَهَقَاتٌ وَلِهَاقٌ . لَهِقٌ ج لِهَاقٌ: ئاق كالا.

لَهِمَ يَلْهَمُ لَهْمًا وَلَهَمًا: يۇتتى، يۇتۇۋەتتى، پۈتۈنلەي يۇتتى، بىردىنلا يۇتۇۋەتتى.

لِهَمٌ: ئاچ كۆز، تويماس.

«مَارَأَيْتُ لِهَمًا مِثْلَهُ»: ئۇنىڭدەك قارنى يامانىنى كۆرمىدىم.

لُهْنَةٌ: سوۋغات، ھەدىيە.

لَهَّبَ يُلَهِّبُ تَلْهِيبًا النَّارَ: ئوتنى يالقۇنجاتتى.

لَهَّبَ الْقَوْمَ: كىشىلەرنى قوزغىدى.

«لَهَّبَ الزَّعِيمُ أَنْصَارَهُ لِلتَّظَاهُرِ»: داھىي تەرەپدارلىرىنى نامايىشقا قوزغىدى.

لَهَّى يُلَهِّي تَلْهِيَةً ـــهُ بِكَذَا: تەسەللى بەردى، دىققىتىنى بۇرىدى، يوپۇتتى.

«لَهَّى الصَّبِيَّ بِلُعْبَةٍ»: ئويۇنچۇق بىلەن بالىنىڭ دىققىتىنى بۇرىدى.

لَهَّى فُلَانًا عَنْ كَذَا: توسقۇنلۇق قىلدى، دەخلى قىلدى، كاشىلا قىلدى، ۋاقتىنى ئالدى.

«لَهَاهُ التِّلْفَازُ عَنْ مُرَاجَعَةِ دُرُوسِهِ»: تېلېۋىزور ئۇنىڭ دەرس تەكرارلاش ۋاقتىنى ئالدى.

لَهْوٌ: ئويۇن، تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش.

دُورُ اللَّهْوِ: ئويۇنخانىلار، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى.

لَهْوَجَ يُلَهْوِجُ لَهْوَجَةً: ئۇزە قىلىپ قويدى، پۇختا قىلمىدى.

لَهْوَقَ يُلَهْوِقُ لَهْوَقَةً: ماختاندى، لاپ ئۇردى، پو ئاتتى.

لَهْوَقٌ: پوچى، ماختانچاق.

لَهُومٌ: قارنى يامان، ئاچ كۆز.

لَهِيَ يَلْهَى لَهًا بِكَذَا: ھەۋەس قىلدى، خۇشتار بولدى، قىزىقتى، ئامراق بولدى، ياخشى كۆردى، تەشنا بولدى، بېرىلدى.

«لَهِيَتِ الْبِنْتُ بِعَرُوسَتِهَا»: قىز قونچىقىغا خۇشتار بولدى.

لَهِيبٌ: يالقۇن.

لَهِيبُ الذِّكْرَى: قاتتىق سېغىنىش.

رَامِيَةُ اللَّهِيبِ: ئوت چاچار قورال.

لَهِيفٌ: ھەسرەت چەككەن، قايغۇرغان، غەمكىن.

لَوْ: ئەگەر، ئەگەردە، ناۋادا، مۇبادا، ئەگەر ... بولسىدى، ئۇ ھالدا...، تەقدىردە.

«إِتَّقُوا النَّارَ وَلَوْ بِشِقِّ تَمْرَةٍ» ‹حديث›: يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بىلەن بولسىمۇ، دوزاختىن ساقلىنىڭلار.

كَمَالَوْ أَنَّ: خۇددى، گويا، دەك، تەك، بەئەينى، گويا ... دەك.

وَإِنِّي لَأَذْكُرُ ذَالِكَ الْيَوْمَ كَمَا لَوْ أَنَّهُ حَدَثَ أَمْسِ: مەن ئۇ كۈنى بولغان ئىشنى گويا تۈنۈگۈن يۈز بەرگەندەكلا خىيال قىلىۋاتىمەن.

لَوْ لَمْ: ئەگەر ... مىغان بولسا ئىدى، بولمىسا، ئۇنداق بولمىسا، باشقىچە بولغاندا، ئەكس ھالدا، ياكى بولمىسا.

لَوْ لَمْ تَزُورْنِي غَدًا أُكْرِمُكَ: ئەگەر سەن ئەتە مېنى يوقلاپ كەلسەڭ، مەن سېنى ئوبدان كۈتۈۋالىمەن.

لَوْ لَمْ كَانَ ... لَكَانَ: ناۋادا ... غان بولسا، ئۇ ھالدا ... بولاتتى.

لَوْ كُنْتُ مِنْ رُوَّادِ الْفَضَاءِ لَنَزَلْتُ عَلَى سَطْحِ الْقَمَرِ: مەن ئالەم ئۇچقۇچىسى بولغان بولسام، ئەلۋەتتە ئايغا قونغان بولاتتىم.

لَوْ كَانَ غَنِيًّا لَبَنَى مَسْجِدًا: ئۇ باي بولغان تەقدىردە، ئەلۋەتتە مەسچىت سالاتتى.

لَوْ تَأْتِينِي فَتُحَدِّثَنِي: كېلىدىغان بولساڭ، ئۇ ھالدا ماڭا سۆزلەپ بەرسەڭ.

لَوْلَا: بولمىسا، ئۇنداق بولمىسا، باشقىچە بولغاندا، ئەكس ھالدا.

«لَوْلَا زَيْدٌ لَأَكْرَمْتُكَ»: زەيد بولمىسا، ئەلۋەتتە سىزنى كۈتۈۋالاتتىم.

﴿وَلَوْلَا نِعْمَةُ رَبِّي لَكُنْتُ مِنَ الْمُحْضَرِينَ﴾ ‹قرآن›: ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ (مېنى ئىمانىمدا مۇستەھكەم قىلىشتىن ئىبارەت) مەرھەمىتى بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن (سەن بىلەن بىللە دوزاخقا) ھازىر قىلىنغانلاردىن بولاتتىم.

لَوْلَا: كايىش ئۈچۈن كېلىدۇ.

﴿لَوْلَا جَاءُوا عَلَيْهِ بِأَرْبَعَةِ شُهَدَاءَ﴾ ‹قرآن›: ئۇلار

نېمىشقا تۆت نەپەر گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىدى؟

لَوْلَا: قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن كېلىدۇ.

﴿لَوْلَا تَسْتَغْفِرُونَ اللهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾ «قرآن»: سىلەر رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نېمىشقا ئاللاھدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمايسىلەر؟

لَوْمَا: «لَوْلَا» ئورنىدىكى سۆز.

﴿لَوْمَا تَأْتِينَا بِالْمَلَائِكَةِ﴾: «قرآن»: (پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان) پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا ئېلىپ كەلسەڭچۇ؟

لِوَاء ج أَلْوِيَة: بايراق.

«لِوَاءُ جَامِعَةِ الدُّوَلِ الْعَرَبِيَّةِ»: ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى بايرىقى.

أَمِيرُ اللِّوَاءِ: لويجاڭ، بىرىگادىر، سەركەردە.

نَشْرُ أَلْوِيَةِ الْعُلُومِ: پەننى ئومۇملاشتۇرماق.

لِوَاءُ الْمُدَرَّعَاتِ: برونېۋىك قىسىم بىرىگادىرى.

لِوَاذٌ: باشپاناھ ئىزدىمەك، پاناھلانماق، قاچماق، ئۆزىنى قاچۇرماق، غىيىبىدە تىكىۋەتمەك.

﴿قَدْ يَعْلَمُ اللهُ الَّذِينَ يَتَسَلَّلُونَ مِنْكُمْ لِوَاذًا﴾ «قرآن»: سىلەردىن (پەيغەمبەرنىڭ سۆھبىتىدىن) ئاستا سوغۇرۇلۇپ غىيىبىدە چىقىپ كەتكەنلەرنى ئاللاھ ئەلۋەتتە بىلىدۇ.

لِوَاطٌ . لِوَاطَةٌ: بەچچىۋازلىق.

لُوبَةٌ: لاۋا.

لَوِثَ يَلْوَثُ لَوَثًا فِي لأَمْرِ: كېچىكتى، ئارقىغا سۆرىدى، دەخلى يەتكۈزدى.

لَوِثَ الشَّخْصُ: ئەخمەق بولدى، ساراڭ بولۇپ قالدى.

لَوْثَةٌ: داغ، كىر، مەينەتچىلىك، پاسكىنىچىلىق.

لُوثَةٌ: بوشاڭ، تىلىنىڭ ئېغىرلىقى، ساراڭلىق.

رَجُلٌ ذُو لُوثَةٍ: بوشاڭ ئادەم.

بِفُلَانٍ لُوثَةٌ: پالانى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ.

لَوْحٌ ج أَلْوَاحٌ: تاختا، تاختاي، لوزونكا، پلاكات؛ فوتو پلاستىنكا.

لَوْحٌ حَدِيدٌ: تاختا تۆمۈر.

«وَكَتَبْنَا لَهُ فِي الْأَلْوَاحِ مِنْ كُلِّ شَيْءٍ مَوْعِظَةً» «قرآن»: بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن (تەۋرات) تاختىلىرىغا (ئىسرائىل ئەۋلادى دىنىدا موھتاج بولغان) ۋەز-نەسىھەت، (دىنىي) ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي يازدۇق.

لَوْحٌ . لَوْحَةٌ: تاختا ۋىۋېسكا، بېغىشلىما (تاختايغا ياكى يىپەك رەختكە يېزىلغان).

لَوْحَةٌ ج لَوْحَاتٌ: كىچىك تاختاي؛ ئىشىك نومۇرى، تاغاق، تارغاق سۆڭىكى، ئاتموسفېرا.

لَوْحَةُ الْإِسْمِ (عَلَى الْبَابِ): ئىشىك نومۇرى.

لَوْحَةُ الْكِتَابَةِ . اللَّوْحَةُ الْأَسْوَدُ: قارا تاختاي، دوسكا.

لَوْحَةُ أَلْوَانِ التَّصْوِيرِ: پالترا.

لَوْحَةٌ مَائِيَّةٌ: سۇ بوياق رەسىم.

لَوْحَةُ السِّينَمَا: كىنو ئېكرانى.

لَوْحَةٌ زَيْتِيَّةٌ: ماي بوياق رەسىم.

لَوْحَةٌ غَرَامِيَّةٌ: ئىشق-مۇھەببەت كۆرۈنۈشى.

لَوْحَةُ الشِّطْرَنْجِ: شاھمات تاختىسى.

لَوْحَةُ رَقْمِ السَّيَّارَةِ: ماشىنا نومۇرى تاختىسى.

لَوْحَةٌ تَذْكَارِيَّةٌ: خاتىرە تاختىسى.

لَوْذٌ: باشپاناھ ئىزدىمەك، پاناھ تاپماق، پاناھلانماق، قاچماق، ئۆزىنى دالدىغا ئالماق، ئۆزىنى قاچۇرماق، غىيىبىدە چىقىپ كەتمەك، غىيىبىدە تىكىۋەتمەك.

لَوْذَعٌ . لَوْذَعِيٌّ: زېرەك، ئەقىللىق، چېچەن، سۆزمەن، ناتىق، سۆزگە ئۇستا، تىلى راۋان.

خَطِيبٌ لَوْذَعِيٌّ: سۆزمەن، ناتىق.

لَوْذَعِيَّةٌ: زېرەكلىك، ھوشيارلىق، ئۆتكۈرلۈك.

فَتَاةٌ لَوْذَعِيَّةٌ: زېرەك قىز.

لَوْزٌ: بادام.

لَوْزُ الْقُطْنِ: غوزا، غوزەك.

دَوْرَةُ اللَّوْزِ: كېۋەز.

شَجَرَةُ اللَّوْزِ: بادام دەرىخى، بادام.

لَوْزَةٌ ج لَوَزَاتٌ: بادام، بىر دانە بادام.

لَوْزَةُ الْحَلْقِ: بادامبەز، بادام تەنچە.

اللَّوْزَتَانِ: بادامبەز، بادام تەنچە.

إِلْتِهَابُ اللَّوْزَتَيْنِ الْبَسِيطِ: بادامبەز ياللۇغى.

إِلْتِهَابُ اللَّوْزَتَيْنِ التَّقَيُّحِيِّ: يىرىڭلىق بادامبەز ياللۇغى.

لَوْزِيٌّ: بادامسىمان، بادامدەك.

عَيْنٌ لَوْزِيَّةٌ: بادام كۆز.

لَوِصَ: ئوغرىلىقچە قارىماق، مارىماق.

لَوْصَةٌ: تىت-تىت بولماق، بىئارام بولماق.

لَوْعَةٌ ج لَوْعَاتٌ: كۆيۈك دەردى، بىئاراملىق، دەرد-ئەلەم، ئەمچەك تۈپىسىدىكى قارا داغ.

فِي قَلْبِهَا لَوْعَةٌ: ئۇنىڭ يۈرىكىدە دەردى بار.

لُوفٌ: ئاغىچە، بەدرەڭ، ئاغىچە مېۋىسى.

لَوَكَ: چاينىماق.

لَوْلَبٌ ج لَوَالِبُ: پىرقىرىغۇچ؛ بۇرما مىخ، ۋىنتا، بۇرما سىزىق؛ پۇرژىنا.

لَوْلَبٌ مَطَّاطٌ: قىل سىم، ئۆمۈچۈك تورى.

لَوْلَبِيَّةٌ: بۇرما شەكىللىك.

سُلَّمٌ لَوْلَبِيٌّ: بۇرما شەكىللىك شوتا.

لَوْلَبِيٌّ: بۇرما شەكىللىك.

حَرَكَةٌ لَوْلَبِيَّةٌ: بۇرما شەكىللىك ھەرىكەت.

لَوْمٌ . لَوْمَةٌ: كايىش، ئەيىبلەش، مالامەت، مالامەت قىلىش.

لَوْمُ الأُمِّ لِإِبْنَتِهَا: ئانىنىڭ قىزىنى مالامەت قىلىشى.

﴿وَلَا يَخَافُونَ لَوْمَةَ لَائِمٍ﴾ «قۇرئان»: ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان.

لُوَمَةٌ: مالامەت قىلغۇچى، ئەيىبلىگۈچى.

لَوْنٌ ج أَلْوَانٌ: رەڭ، تۈر، خىل؛ شەكىل.

«لَوْنٌ أَحْمَرُ»: قىزىل رەڭ.

«أَلْوَانٌ قَاتِمَةٌ»: قاپقارا رەڭلەر.

«تَنَاوَلَ أَلْوَانًا مِنَ الطَّعَامِ»: خىلمۇخىل تاماقلارنى يېدى.

«أَتَى بِأَلْوَانٍ مِنَ الْحَدِيثِ»: نەچچە تۈرلۈك گەپ قىلدى.

«قَاسَتْ أَلْوَانَ الْعَذَابِ»: تۈرلۈك ئازاب تارتتى، تۈرلۈك ئازاب چەكتى.

لَوْنُ بِشْرَةِ الإِنْسَانِ: ئادەم تېرىسىنىڭ رەڭگى.

لَوْنٌ: بوياق، بوياق ماددىسى، بوياق ماتېرىيالى.

لَوْنٌ فَاتِحٌ: ئوچۇق رەڭ، سۇس رەڭ.

لَوْنٌ زَاهٍ: چىرايلىق رەڭ، پۇزۇر، پار-پۇر، قېنىق رەڭ.

لَوْنٌ قَاتِمٌ: تۇتۇق رەڭ، غۇۋا رەڭ.

بِلاَ لَوْنٍ، لاَ لَوْنَ لَهُ: رەڭسىز.

قَائِمَةُ أَلْوَانِ الطَّعَامِ: تاماق تىزىملىكى.

لَوْنِيٌّ: رەڭلىك، رەڭنىڭ.

لَوَّاءٌ: سېرىق قۇشقاچ.

لَوَّاشَةٌ: يۆگەن، تىزگىن.

لَوَّامٌ م لَوَّامَةٌ: ئەيىبلىگۈچى، سۆككۈچى، كايىغۇچى، مالامەت قىلغۇچى، تاپا-تەنە قىلغۇچى.

النَّفْسُ اللَّوَّامَةُ: ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپس.

﴿وَلَا أُقْسِمُ بِالنَّفْسِ اللَّوَّامَةِ﴾ «قۇرئان»: ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپس بىلەن قەسەمكى،

لَوَّثَ يُلَوِّثُ تَلْوِيثًا: بۇلغىدى، پاسكىنا قىلدى.

لَوَّثَ الثِّيَابَ: كىيىملەرنى پاسكىنا قىلدى.

«لَوَّثَتْ رِدَاءَهَا بِالطِّينِ»: رىداسىنى لاي بىلەن بۇلغىدى.

لَوَّثَ الْمَاءَ: سۇنى پاسكىنا قىلدى.

لَوَّثَ الْبِيئَةَ: مۇھىتنى بۇلغىدى.

لَوَّثَ الشَّارِعَ بِالأَوْسَاخِ: كوچىنى پاسكىنا قىلىۋەتتى.

«تُلَوِّثُ الْحَافِلَاتُ الْجَوَّ بِالْغَازِ الْمَحْرُوقِ»: ئاپتوبۇسلار

گاز چىقىرىپ ھاۋانى بۇلغىۋېتىدۇ.

لَوَّحَ يُلَوِّحُ تَلْوِيحًا الشَّخصُ بِالثَّوْبِ وَغَيْرِه: كىيىم ۋە باشقىلارنى يىراقتىن پۇلاڭلاتتى.

«لَوَّحَ إِلَى سَائِقِ السَّيَّارَةِ لِيَرْكَبَهُ»: ماشىنىغا چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن شوپۇرغا قول پۇلاڭلاتتى.

«يُلَوِّحُ الْمُتَظَاهِرُون بِأَيْدِيهِمْ»: نامايىشچىلار قوللىرىنى پۇلاڭلىتىدۇ.

لَوَّحَ الشَّخْصُ بِالشَّيْءِ فِي كَلَامِهِ: كىشى ئۆز سۆزىدە بىرنەرسىنى پۇرىتىپ ئۆتتى.

«لَوَّحَ بِقَرَابَتِهِ مِنَ الرَّئِيسِ»: ئۆزىنىڭ رەئىسكە تۇغقان ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

لَوَّزَ يُلَوِّزُ تَلْوِيزًا القُطْنَ: كېۋەز غوزا چىقاردى.

لَوَّعَهُ يُلَوِّعُ تَلْوِيعًا الْحُبّ: سۆيگۈ ئۇنى كېسەل قىلدى، ئازابلىدى.

«لَوَّعَهُ فِرَاقُ حَبِيبَتِهِ»: يارىدىن ئايرىلىش ئۇنى ئازابلىدى.

لَوَّقَ يُلَوِّقُ تَلْوِيقًا الشَّيْءَ: يۇمشاتتى.

لَوَّقَ الطَّعَامَ بِالزُّبْدَةِ: سېرىقماي بىلەن تاماق ئەتتى، قايماق بىلەن تاماق ئەتتى.

لَوَّمَ يُلَوِّمُ تَلْوِيمًا: كايىدى، ئاگاھلاندۇردى، ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى.

لَوَّنَ يُلَوِّنُ تَلْوِينًا الشَّيْءَ: بويىدى، رەڭلىك قىلدى، رەڭ بەردى.

«لَوَّنَ الصُّورَةَ»: سۈرەتنى رەڭلىك قىلدى.

«لَوَّنَتِ الْقُمَاش»: رەختنى بويىدى.

لَوَّى يُلَوِّي تَلْوِيَةً الأَمْرَ: ئىشنى قىيىنلاشتۇردى، چىگىشلەشتۈردى.

لَوَّي أَعْنَاقَ الرِّجَالِ فِي الْجِدَالِ: مۇنازىرىدە ئادەملەر ئۈستىدىن غەلىبە قازاندى.

لَوَى يَلْوِي لَوْيًا ولَيًّا الشَّخْصُ الْحَبلَ: ئارقان ئەشتى.

لَوَى الشَّخْصُ عَنِ الأَمْرِ: ئارقىغا سوزدى، كېچىكتۈردى، كەينىگە سۆرىدى.

«مَرَّ لَا يَلْوِي عَلَى أَحَدٍ»: ھېچكىمنى كۈتمەي توختىماي ئۆتۈپ كەتتى.

لَوِيَ يَلْوَى لَوًّى: ئىگىلدى، ئېغىپ كەتتى، ئەگرى بولدى.

لَوِيَ الْمِعدَةُ: ئاشقازان ئاغرىدى.

لَوِيَتِ الْحَيَّةُ: يىلان چەمبىرەك ئۆردى.

لَوَى يَلْوِي لَيًّا وَلَوْيًا الْحَبْلَ: ئارغامچا ئەشتى.

لَوَى يَدَهُ: قولنى ئەگدى.

لَوَى بِدَيْنِهِ: قەرزنى كېچىكتۈردى.

لُويْن: ئاچ رەڭ، سۇس رەڭ.

لُوِيٌّ: قۇرۇق ئوت-چۆپ.

لِيَاءٌ: دېڭىز-ئوكيانلاردىن ئەڭ يىراق قۇرۇقلۇق.

لِيَاطٌ: ھاك.

لِيَاقَةٌ: ماس كەلمەك، ئۇيغۇن كەلمەك، لاياقەت، چەبدەسلىك، زېرەكلىك، پاراسەتلىك، ئۆتكۈرلۈك.

«هَذَا سُلوكٌ مُخِلٌّ بِاللِّيَاقَةِ»: بۇ لاياقەتكە دەز كەتكۈزىدىغان ھەرىكەت.

«لَاعِبُ الْكُرَةِ ذُو لِيَاقَةٍ بَدَنِيَّةٍ»: توپ ئوينىغۇچى جىسمانىي لاياقەتكە ئىگە.

لَيْتَ: شۇنداق بولغان بولسا، كاشكى، نەقەدەر ياخشى بولاتتى، نىمىدېگەن ياخشى بولاتتى، قانچىلىك ياخشى بولاتتى.

لَيْتَ العَلِيلَ صَحِيحٌ: كېسەل ساقىيىپ كەتكەن بولسىچۇ! كېسەل ساقىيىپ كەتكەن بولسا، نىمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە!

«لَيْتَ الشَّبَابَ يَعُودُ يَوْمًا»: ياشلىق قايتىلانسا، نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە!

لَيْتَكَ تَقْدِرُ أَنْ تَذْهَبَ: قايتىپ كېتەلىگەن بولسىڭىز قانچىلىك ياخشى بولاتتى-ھە!

لَيْتَ شِعْرِي: كاشكى بىلسەمچۇ؟

لَيْثٌ ج لُيُوثٌ: شىر.

لِيرَةٌ ج لِيرَاتٌ: لىرا.

لَيِسَ يَلْيَسُ لَيَسًا الرَّجُلُ: باتۇر بولدى، قەھرىمان بولدى، شىجائەتلىك بولدى.

لَيْسَ: ئەمەس، يوق، سىز.

«لَيْسَ زَيْدٌ قَائِمًا»: زەيد ئۆرە ئەمەس.

«لَيْسَ اللهُ بِظَالِمٍ»: ئاللاھ زالىم ئەمەس.

لَيْسَ إِلَّا: پەقەت.

«أَقُولُ هَذَا لَيْسَ إِلَّا»: پەقەت بۇنىلا دەيمەن.

﴿أَلَيْسَ اللهُ بِأَحْكَمِ الحَاكِمِينَ﴾ «قرآن»: ئاللاھ ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟

لَيْسَ الإِتِّحَادُ إِلَّا القُوَّةُ: ئىتتىپاقلىق-كۈچ.

لِيْسَانْسُ: باكالاۋرلىق ئۇنۋان.

لِيْسَانْسُ فِي الآدَابِ الْعَرَبِيَّةِ: ئەرەب ئەدەبىياتى باكالاۋرلىق ئۇنۋانى.

مُتَحَصِّلٌ عَلَى لِيْسَانِسٍ فِي الْحُقُوقِ: قانۇندا باكالاۋرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

لِيْطٌ: تەبىئىي خۇسۇسىيەت، تەبىئەت، ماھىيەت، مىجەز، خاراكتېر.

لِيفٌ ج أَلْيَافٌ: ئۆسۈملۈك تالاسى.

لِيفُ النَّخْلِ: خورما تالاسى.

لِيفٌ هِنْدِيٌّ: سېرىق كەندىر.

«كَانَ فِرَاشُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ أَدَمٍ حَشْوُهُ لِيفٌ»: رەسۇلۇللاھنىڭ تۆشىكى ئىچىگە خورما دەرىخىنىڭ قوۋزاقلىرى تىقىلغان ئەيلەنگەن تېرە ئىدى.

أَلْيَافٌ صِنَاعِيَّةٌ: سۈنئىي تالالار.

لِيفَةٌ ج لِيفَاتٌ: تالا.

لِيفِيٌّ . لِيفَائِيٌّ: تالالىق.

النَّبَاتَاتُ اللِّيفِيَّةُ: تالالىق ئۆسۈملۈكلەر.

أَنْسِجَةٌ لِيفِيَّةٌ: تالالىق توقۇلمىلار.

لَيِّقٌ: ماس كەلمەك، ئۇيغۇن كەلمەك.

لَيْلٌ ج لَيَالٌ: كېچە، تۈن.

«حَارِسٌ بِاللَّيْلِ»: كېچە كۆزەتچىسى.

«سَافَرَ لَيْلًا»: كېچىدە يولغا چىقتى.

«خَرَجَ عِنْدَ هُبُوطِ اللَّيْلِ»: كەچ كىرگەندە چىقتى.

«سَهِرَ حَتَّى مُنْتَصِفِ اللَّيْلِ»: يېرىم كېچىگىچە ئۇيغاق تۇردى.

لَيْلَ نَهَارَ: كېچە-كۈندۈز، داۋاملىق.

«يَشْتَغِلُ الْمَصْنَعُ لَيْلَ نَهَارَ»: زاۋۇت كېچە-كۈندۈز ئىشلەيدۇ.

لَيْلٌ أَلْيَلُ: ئۇزۇن كېچە، قاراڭغۇ ئۇزۇن كېچە.

لَيْلًا: كېچىسى، كېچىدە، تۈندە.

لَيَالُ الأُنْسِ وَالسَّمَرِ: كېچىلىك يىغىلىشلار، كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكلىرى.

لَيْلَةٌ ج لَيَالٍ (اللَّيَالِي): بىر كېچە.

«لَيْلَةٌ مُمْطِرَةٌ»: يامغۇرلۇق كېچە.

«لَيْلَةُ العِيدِ»: بايرام كېچىسى.

«لَيْلَةٌ سَعِيدَةٌ»: بەختلىك كېچە.

اللَّيْلَةَ: بۈگۈن ئاخشام، بۈگۈن كېچە.

لَيْلَةُ العِيدِ الوَطَنِيِّ: دۆلەت بايرىمى ھارپىسىدا.

ذَاتَ لَيْلَةٍ: بىر كېچىسى، بىر ئاخشىمى.

اللَّيْلَةُ اللَّيْلَاءُ: قاپقاراڭغۇ كېچە.

أَلْفُ لَيْلَةٍ وَ لَيْلَةٍ: مىڭ بىر كېچە.

لَيْلَةٌ حَمْرَاءُ: قانلىق كېچە.

لَيْلَةُ القَدْرِ: قەدىر كېچىسى.

﴿لَيْلَةُ القَدْرِ خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ شَهْرٍ﴾ «قرآن»: شەبى قەدىر (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر.

لَيْلِيٌّ: كېچىسى، كېچىنىڭ، كېچىلىك، كەچلىك.

مَدْرَسَةٌ لَيْلِيَّةٌ: كەچلىك مەكتەپ، كەچلىك كۇرس.

حَفْلٌ لَيْلِيٌّ: كېچىلىك سورۇن.

حَيَاةٌ لَيْلِيَّةٌ: كېچىلىك تۇرمۇش.

لِيْمٌ: شەكلى ۋە خاراكتېر جەھەتتە ئوخشاش،

ئەپلىشىش، يارىشىش.

هُوَ لِيمُ فُلَانٍ: ئۇ پالانىغا ئوخشاش.

لِيمُوزٌ: مايمۇن.

لَيْمُونٌ: لىمون.

شَرَابُ اللَّيْمُونِ: لىمون سۈيى.

لَيْمُونٌ حَامِضٌ: لىمون كىسلاتاسى.

عَصِيرُ اللَّيْمُونِ: لىمون سۈيى.

مُرَبَّى اللَّيْمُونِ: لىمون مۇراببasi.

لَيْنُوفَر: نىلۇپەر.

لِيْنٌ: يۇمشاقلىق، رايىشلىق، سىلىقلىق.

لِيْنُ الْعِظَامِ: سۆڭەكلەرنىڭ بوشاپ كېتىشى.

لِيْنُ الْعِيْشِ: پاراۋان تۇرمۇش.

لِيْنُ الْجَانِبِ: رايىش، مۇلايىم.

حُرُوفُ اللِّيْنِ (فِي عِلْمِ الصَّرْفِ): ا، و، ي ھەرپلىرى.

لَيْنٌ ج لَيْنُوْنَ: مۇلايىم، يۇمشاق، رايىش.

لُيُونَةٌ: يۇمشاقلىق، رايىشلىق، سىلىقلىق.

لَيَّاءُ: دېڭىز-ئوكيانلاردىن ئەڭ يىراق قۇرۇقلۇق.

لِيَةٌ: تۇغقانچىلىق، ئادراسمان.

لَيَّثَ يُلَيِّثُ تَلْيِيثًا: شىردەك بولدى.

لَيَّفَتْ يُلَيِّفُ تَلْيِيفًا الْفَسِيْلَةُ: خورمىنىڭ نوتىسى چوڭلاپ تالاسى كۆپەيدى.

لَيَّفَ الشَّيْءَ: خورما تالاسى بىلەن يۆيدى.

لَيَّقَ يُلَيِّقُ تَلْيِيقًا: يۇمشاتتى، ئۆچۈتتى.

لَيَّنَ يُلَيِّنُ تَلْيِينًا: يۇمشاتتى، نازاكەتلىك قىلدى، سىلىقلىدى.

لَيَّنَ الْبَطْنَ: قورساقنى بوشاتتى، ئىچىنى سۈرگۈزدى.

لَيِّنٌ ج لَيِّنُوْنَ وَ أَلْيِنَاءُ: مۇلايىم، يۇمشاق، رايىش، ئىتائەتچان.

لَيِّنُ الْعَرِيكَةِ - لَيِّنُ الْقَنَاةِ: مېھرىبان، يېقىملىق.

مَعْدَنٌ لَيِّنٌ: يۇمشاق مېتال.

لَيِّنَةُ الْعَرِيكَةِ: لەۋەن، ئۇماق، ئەۋرىشىم.